# زۆرۈرىيەت سەۋەبلىك قىز-خانىملارنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى توغرىسىدا

السفر بدون محرم للضرورة

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

## ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

## زۆرۈرىيەت سەۋەبلىك قىز-خانىملارنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى توغرىسىدا

122630-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئايالىمنىڭ دوستىنىڭ تونۇشتىن فرانسىيىگە سەپەر قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئايال توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن فرانسىيىدە ياشايتتى، ئەگەر ئۇنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى توغرا بولمىسا سەپەرنىڭ ھەممىسىدە مەھرىمى ھەمراھ بولۇشى كېرەكمۇ؟، ئايالنى يولدىشى ئايدۇرۇمدىن يولغا سېلىپ قويسا، دادىسى يەنە بىر شەھەردە ئايدۇرۇمدا كۈتۈۋالسا بۇ مەھرەملىككە كۇپايە قىلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

جاۋاپ:

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى مەھرەمسىز سەپەر قىلمىسۇن، مەھرەمسىز ئاياللارنىڭ يېنىغا يات ئەرلەر كىرمىسۇن دېگەندە، ساھابىلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ: يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئەسكەرلەر بىلەن پالانى-پالانى ئۇرۇشقا چىقىشقا تىزىملاتقان ئىدىم، ئايالىم ھەجگە چىقماقچى ئىدى دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: سەن ئايالىڭ بىلەن بىرگە ھەجگە بارغىن دېدى». [بۇخارى رىۋايىتى 1862-ھەدىس].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ مەھرەمسىز بىر كېچە-كۈندۈزلۈك سەپەر قىلىشى ھالال بولمايدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى 1339-ھەدىس].

ئاياللارنىڭ (سەپەرنىڭ قايسى تۈرى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر) مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدا كۆپلىگەن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

شەرئىي پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئىلگىرى بىر نەچچە پەتىۋالاردا ئاياللارنىڭ مەھرەمسىز ھالەتتە مەيلى ئۇ ھەج-ئۆمرە ۋە ئاتا-ئانىنىڭ زىيارىتىدەك ئىبادەت بولسۇن ياكى ئۇ مۇباھ قىلىنغان سەپەرلەر بولسۇن، ئاياللارنىڭ يالغۇز سەپەر قىلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

ئەمما زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا شۇنداق قىلسا دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارنى دۇرۇس قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئائىلىڭىزنىڭ دوستى فرانسىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئېرىشسە ئۇنىڭغا كېلىدىغان زىيان ئاز بولىدىغان بولسا، مەھرىمىنىڭ بىرگە سەپەر قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇ ئايال ۋەتەنداشلىق ئېلىشى ئۈچۈن يالغۇز سەپەر قىلسا گۇناھ بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى جىبرىين رەھىمەھۇللاھدىن: ئايال كىشىنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالەتتە يالغۇز سەپەر قىلىشى توغرىمۇ؟ ئۇ ئايالنى بىر مەھرىمى ئايدۇرۇمغا ئېلىپ چىقىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ، يەنە بىر مەھرىمى كېلىدىغان شەھەردە ئايدۇرۇمغا چىقىپ ئۇ ئايالنى كۈتۈۋالىدۇ؟ بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئايالنىڭ يولدىشى ياكى دادىسىنىڭ بىرگە مەھرەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن بولمىغاندا، ئايال يالغۇز سەپەر قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا، بىر مەھرىمى ئايدۇرۇمغا ئېلىپ چىقىپ يولغا سېلىپ ئايرۇپىلانغا چىقىپ بولغاندا قايتىپ كەتسە، يەنە بىر مەھرىمى كۈتۈۋالىدىغان شەھەردە ئايدۇرۇمغا چىقىپ كۈتۈۋالسا، كېلىدىغان ئايروپىلاننىڭ نومۇرى ۋە ۋاقتىنى ئېنىق بىلسە ئۇ ۋاقىتتا ئايالنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى توغرا بولىدۇ، چۈنكى زۆرۈر ئىشلارنىڭ ھۆكمى ئايرىم بولىدۇ. ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن". ["ئىبنى جىبرىين پەتىۋالىرى" دىن ئېلىندى.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپراق مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 14235 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com